# 111793 ـ ئەر كىشى ئايالىنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا زورلىشى توغرا بولمايدۇ

### سۇئال

مەن ئايالىم بىلەن ئائىلەمدىكىلەردىن ئايرىم بىر ئۆيدە تۇراتتىم، بۇنداق بولىشى ئاردىكى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىندۇر، ئايالىمغا ئايرىلماي بىرگە ياشايدىغانلىقىم توغرىسىدا ۋەدە بەردىم، مەلۇم ۋاقىتتىن كىيىن دادام مىنى ئۆيگە قايتىپ چوڭ ئۆيدە ئايالىم ھەممەيلەن بىرگە ياشاشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ئايالىم بۇ تەلەپنى رەت قىلدى، مەن قانداق قىلىمەن؟ ئاتا-ئانامغا ئىتائەت قىلىپ، ئايالىم بىلەن ئارىمىزدىكى ۋەدىنى بۇزىمەنمۇ؟ بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ ھۆكمىگە كىرىمەنمۇ؟ وَأَوْفُوا بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْئُولًا تەرجىمىسى: «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قىيامەت كۈنى (ئەھدە ئۇستىدە) يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۇستىدە (ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر.] [سۈرە ئىسرا 34–ئايەت].

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ھەقىقەتەن ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتى ئۇستىدىكى ھەققى كۆپتۇر، ئايالىڭىز ئۇ ئۆيدە بىرگە تۇرۇشنى خالىمىسا سىز ئۇنى زورلىيالمايسىز، مۇمكىن قەدەر ئاتىڭىزنى قانائەتلەندۇرۇڭ، ئايالىڭىزنى ئايرىم ئۆيدە تۇرغۇزۇڭ، كۈچىڭىزنىڭ يىتىشىچە ئاتىڭىزغا ياخشىلىق قىلىڭ، ئۇنى رازى قىلىشقا تىرىشىڭ.

ئەگەر مۇمكىن بولماي تالاقتا ئېھتىياجلىق بولسىڭىز، تالاق قىلىش سىزگە دۇرۇس، قەسىمىڭىزگە كاپارەت بىرىسىز، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىگە قارشى كەلمەيدۇ. وَأَوْفُوا بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْئُولًا تەرجىمىسى: «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قىيامەت كۈنى( ئەھدە ئۇستىدە) يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۇستىدە (ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر.] [سۈرە ئىسرا 34–ئايەت].

چۈنكى بۇ ئايەتتىن بولغان مەقسەت ھالالنى ھارام قىلمايدىغان ئەھدىدۇر . پەزىلەتلىك شەيخ سالىھ پەۋزان . مۇسۇلمان ئاياللار توغرىسىدىكى پەتىۋالار2/660. ئەشرەپ ئىبنى ئابدۇلمەقسۇد رەتلىگەن.